# كۆچۈرۈلگەن چارۋىچىلار تاغدىن چۈشۈپ دېڭىز سۈيى شېلى تېرىدى

## نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلايلى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى سۇ چۈەنيى

تۆزلەڭلىكنىڭ 6 ـ ئايدىكى پىژغىرىم ئىسسىقىغا ئانچە ماسلىشالمايۋاتقان بولسىمۇ، توختىنەزەر سېتىۋالدى ھەر كۈنى سەھەردىلا ئېتىزغا بېرىپ شال تېرىپ مايسا كۆچۈردى. بۇلتۇر مۇشۇ چاغدا، ئۇ تېخى پامىر ئېگىزلىكىدە قېلىن پاختىلىق كىيىم كىيىپ، قوي ـ كالىلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ تاغ ـ داۋانلارنى كېزىپ يۈرەتتى.

توختىنەزەرنىڭ تېرىغىنى دېڭىز سۈيى شېلى بولۇپ، بۇ بىر خىل ئېغىر شورلۇق يەرلەردىمۇ ئۆسەلەيدىغان يېڭى سورت، بۇ خىل شالنىڭ ئۇرۇقى ۋە تېرىپ ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى «شالغۇت شال ئاتىسى» يۈەن لۇڭپىڭنىڭ يەن تەتقىقات كوللېكتىپىدىن كەلگەن. ئۇ ۋە ئۈچ ھەمراھى ئاقتۇ ناھىيەسىدە تۇنجى تۈركۈمدە دېڭىز سۈيى شېلى تېرىغان پامىرلىق چارۋىچىلار بولۇپ، بىر پارچە شورلۇق يەرنى تېرىشقا مەسئۇل بولدى.

يىگىتلەرنىڭ بىرى مايسا كۆچۈرۈش ماشىنىسىنى ھەيدىدى، بىرى كەينىدىن كۆچۈرۈلگەن مايسىلارنى كۆزىتىپ ماڭدى، قالغانلار ئېتىز بېشىدا مايسا توشۇدى. تۇنجى يىلى تېرىلىدىغان خام يەر تۈز بولمىغاچقا، ماشىنا چاقى ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يەردە ھەممىشە ئۇياق ـ بۇياققا قىيىپ، مايسا كۆچۈرۈش ماشىنىسىمۇ ھەممىشە تولغىنىپ كېتەتتى، ئۇلار چوقۇم رولنى چىڭ تۇتسا، ئاندىن كۆچۈرۈلگەن مايسىلار تۈز سىزىقنى ساقلىيالايتتى.

ماشىنا مەشغۇلات قىلالمايدىغان يەرگە كەلگەندە، يىگىتلەر پۇچقاقلىرىنى تۈرۈپ، پاقالچاققىچە كېلىدىغان لاي سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، ئادەم كۈچى بىلەن مايسا كۆچۈردى. ئىلگىرى ئەزەلدىن دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلىپ باقمىغاچقا، توختىنەزەر ھەممىشە بىلىپ ـ بىلمەيلا مايسىلارنى قويۇق كۆچۈرۈپ قوياتتى. «تۇنجى كۈنى ئەڭ كۆپ خاتالىق ئۆتكۈزدۈم، ھازىر خېلى ياخشى» دېدى توختىنەزەر ساددىلىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

توختىنەزەر بۇ يىل 27 ياشتا، ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ بارىن يېزىسى خانتېرەك كەنتى پامىر ئېگىزلىكىگە جايلاشقان. پامىر ئېگىزلىكى قەدىمدە «كۆكئارت» دەپ ئاتالغان، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 3000 مېتىردىن ئاشىدۇ، تاغلىرى ئېگىز، داۋانلىرى تىك، جىلغىلار گىرەلىشىپ كەتكەن، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر شالاڭ.

خانتېرەك كەنتى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان، پۈتۈن كەنتتە پەقەت جىلغىلار ئارىسىدا ئېچىلغان 497 مو يەرلا بار بولۇپ، كەلكۈن قايتا ـ قايتا يالاپ ئېقىپ ئۆتكەن شېغىللىق يەر ئىنتايىن ئۈنۈمسىز ئىدى. يەرلىك ھۆكۈمەت ئىلگىرى چارۋىچىلارغا يول ياساپ بېرىشنى سىناپ باققان، لېكىن ھەر يىلى كەلكۈن كەلسىلا، بارلىق تىرىشچانلىق بىراقلا يوققا چىقاتتى.

مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، توختىنەزەر ئاساسلىقى ئۆيدىكى 50 قوي ۋە سەككىز قوتازنى بېقىشقا مەسئۇل بولدى، بۇ پۈتۈن ئائىلىدىكى سەككىز جاننىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەسى ئىدى.

نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش نىشانىنى چۆرىدەپ، يەرلىكتە نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش يولغا قويۇلۇپ، 2020 ـ يىلغا بارغاندا، پامىر ئېگىزلىكىدىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار چارۋىچىلارنى تۈركۈمگە بۆلۈپ تۆزلەڭ رايونغا كۆچۈرۈش پىلانلاندى. 2018 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، خانتېرەك كەنتىدە كۆچۈرۈش باشلاندى، نۆۋەتتە، پۈتۈن كەنتتىكى 258 ئائىلىلىك چارۋىچى ئېگىزلىكتىن كۆچۈپ چۈشتى.

ناھىيە بازىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى كۆچۈرۈش نۇقتىسىدا، توختىنەزەرگە 80 كۋادرات مېتىرلىق بىنا ئۆي تەقسىملەنگەن بولۇپ، توك، سۇ يەتكۈزۈلگەندىن باشقا يەنە تەبىئىي گاز ۋە پارمۇ بار، تۆت ياشلىق ئوغلىمۇ ھەقسىز يەسلىدە ئوقۇيالايدىغان بولدى. كۆچۈرۈش نۇقتىسىدا، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ پامىر ئېگىزلىكىدىن چۈشكەن 6000دىن ئارتۇق چارۋىچى ئۆي تۇتۇپ ماكانلاشتى.

تاغدىن چۈشكەندىن كېيىن، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە، بەزى چارۋىچىلار زاۋۇتقا كىرىپ ئىشچى بولۇشنى تاللىدى، بەزى چارۋىچىلار پارنىكتا كۆكتات تېرىدى، توختىنەزەر بولسا دېڭىز سۈيى شېلىنى سىناق قىلىپ تېرىش ئېتىزىدا ئىشلەشنى تاللىدى.

2018 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ئاقتۇ ناھىيەسى يۈەن لۇڭپىڭنىڭ دېڭىز سۈيى شېلى يەن تەتقىقات كوللېكتىپى بىلەن ھەمكارلىشىپ، نامراتلارنى كۆچۈرۈش نۇقتىسىدىكى 7260 مو شورلۇق يەرنى قارشى تەرەپكە ھۆددىگە بەردى. ئىككى تەرەپ، دېڭىز سۈيى شېلى تېرىقچىلىقىغا ئادەم ئىشلىتىشتە، تاغدىن كۆچۈپ چۈشكەن نامرات ئاھالىلەرنى ئالدىن تاللاشقا كېلىشتى.

پىلان بويىچە، بۇ يىل ئاقتۇ ناھىيەسىدە ئالدى بىلەن 1000 مو يەرگە دېڭىز سۈيى شېلى سىناق قىلىپ تېرىلىدىكەن، مۆلچەرلىنىشچە، پۈتۈن يىللىق ۋاقىتلىق ئادەم ئىشلىتىش مىقدارى 2000 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئىشلىتىلىدىغان ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى يېقىن ئەتراپتىكى كۆچۈرۈش نۇقتىسىدا تۇرۇشلۇق چارۋىچىلار ئىكەن.

چىڭداۋ يۈەنسې گۇرۇھى يۈەنسې ئۇرۇقچىلىق چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى جاڭ لىشەننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، 2018 ـ يىلىدىن باشلاپ، يۈەن لۇڭپىڭ دېڭىز سۈيى شېلى يەن تەتقىقات كوللېكتىپى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئېغىر شورلۇق يەرلەردە 300 مو دېڭىز سۈيى شېلىنى سىناق قىلىپ تېرىپتۇ، شۇ يىلى مو بېشى ھوسۇلى 549 كىلوگىرامغا يېتىپ، دەسلەپكى قەدەمدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپتۇ. شورلۇق يەر كۆلىمى كۆپ شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دېڭىز سۈيى شېلى تېرىقچىلىقىنىڭ ئىستىقبالى كەڭ.

توختىنەزەر ھازىر ئېيىغا 3000 يۈەن مائاش ئالىدۇ، بۇ، ئېگىزلىكتىكى پۈتۈن بىر ئائىلىنىڭ كىرىمىدىنمۇ يۇقىرى بولۇپ، يىگىت ئۆزىنىڭ كىرىمىدىن ناھايىتى رازى ئىكەن.

ئاقتۇ ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ھاكىم ۋۇ جيەنبياۋ مۇنداق دېدى: چارۋىچىلارنى كۆچۈرۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا، ئۆزگەرتىش ئەڭ تەس بولغىنى كۆزقاراش ۋە ئاڭ، ئەڭ كەمچىل بولغىنى تېخنىكا. دېڭىز سۈيى شېلىنى سىناق قىلىپ تېرىش ئېتىزىدا ئىشلىگەن چارۋىچىلار ھەم كىرىمنى ئاشۇردى، ھەم ئەمەلىي تېخنىكىلارنى ئۆگەندى، «مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئۇلارنى كۆچۈپ چىقالايدىغان، مۇقىم تۇرالايدىغان، بېيىيالايدىغان قىلغىلى بولىدۇ!»

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)

## گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

# ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەش ئەڭ قىممەتلىك بايلىق

□ تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونى ئۈزۈمچىلىك بازىرىنىڭ بۇلاق كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئۆمەر ئابلىز

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە، بۇلاق كەنتىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى تەڭ ئىچىپ، بىر ناخشىنى تەڭ ئېيتىپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئىللىق ھەم تەسىرلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى.

ھېكايىنى 60 يىل ئىلگىرىدىن باشلاپ سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، مەركەز چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشكە چاقىرىق قىلدى، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېيۈەن ناھىيەسىدىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 15 ئائىلىلىك خەنزۇ ئاممىسى كېلىپ، 55 ئائىلىلىك ئۇيغۇر كەنت ئاھالىسى بىلەن بۇلاق كەنتىنىڭ 3 ـ كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى بولۇپ تەشكىللەندى.

يېڭى كەلگەن خەنزۇ قېرىنداشلارغا ئۇيغۇر كەنت ئاھالىلىرى ئىللىق قويىنىنى ئېچىپ: «يىراقتىن كەلگەن دوستلار، سىلەرنى قارشى ئالىمىز. ھازىردىن باشلاپ، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى، قىيىنچىلىق بولسا بىزنى ئىزدەڭلار» دېدى.

ئىللىق سۆزلەر خەنزۇ ئاممىنىڭ ئەندىشىسىنى بىراقلا تۈگەتتى، ئۇلار تەسىرلەنگەن ھالدا: «شۇ جايدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تەبەسسۇمى ۋە كەڭ قۇچاق ئېچىشى بىزگە چەكسىز كۈچ ئاتا قىلدى» دېدى.

ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز بولغىنى 1961 ـ يىلى 5 ـ ئايدىكى ئىدى، بىر قېتىملىق قۇم ـ بوران ھۇجۇمى، نۇرغۇن زىرائەتلەرنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋەتتى. خەنزۇ ئاممىسى يەر ـ جاھاننى قاپلىغان سېرىق بوران ئالدىدا ئامالسىز قالغاندا، يېقىن ئەتراپتىكى ئۇيغۇر يۇرتداشلار بەس ـ بەستە كېلىپ ئۇلاردىن ھال سورىدى، بەزىلىرى نان ئەكېلىپ بەردى، بەزىلىرى ئىسسىق تاماق ئەكېلىپ بەردى، يەنە بەزىلىرى كۆچەتلىكنى ئۆيىگە بېرىشقا تەكلىپ قىلدى.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ياردىمىدە، ئۇيغۇر يۇرتداشلارنىڭ قىزغىن غەمخورلۇقىدا، بۇ بىر توپ ياشلارنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇلار چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىپ، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ، يەرلىكتىكى ئۇيغۇر ئامما بىلەن تۇرمۇشتا ئۆزئارا ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆزئارا ياردەم بەردى. بىلىپ ـ بىلمەيلا، كۆپچىلىك بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئايلاندى.

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىدىن 60 يىل ئۆتۈپ كەتتى، پېشقەدەملەر بىزگە قالدۇرغان ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش روھى ئاللىبۇرۇن بۇلاق كەنتىدىكىلەرنىڭ قان تومۇرلىرىغا سىڭىپ كەتتى، بۇلاق كەنتىدىكىلەر بۇنى ئەڭ قىممەتلىك بايلىق دەپ قارىدى.

بۇ يىل 3 ـ ئايدا، تەكلەرنى ئاچقاندا، بۇلاق كەنتىدە يەنە كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان مەنزىرە بارلىققا كەلدى: ھەر مىللەت كەنت ئاھالىلىرى ئۆزئارا ياردەم بېرىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، كەنت ئاھالىسى ئامىنەخان ناسىر بىلەن غاپپار جاپپار ئائىلىسىنىڭ تەكلىرىنى ئېچىپ بەردى. ئامىنەخاننىڭ ئۈچ قىزى بولۇپ، ئېرى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن، ئائىلىسىدە ئەمگەك كۈچى يوق ئىدى. غاپپارنىڭ يۈرەك كېسىلى بار، جىسمانىي ئەمگەك قىلالمايتتى. ئامىنەخان تەسىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «سىلەرنىڭ ياردىمىڭلار بولمىغان بولسا، ئائىلىمىزنىڭ تەكلىرىنى قانداقمۇ ئاچاتتۇق ـ ھە!» غاپپار مۇنداق دېدى: «ھېلىمۇ ياخشى يۇرتداشلار ياردەم بەرگەچكە، ھەر يىلى تەكلىرىمنى ئوڭۇشلۇق ئېچىۋاتىمەن، مۇشۇنداق يۇرتداشلىرىمنىڭ بولغانلىقىدىن ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلىمەن».

بۇلاق كەنتىدە، كۆپچىلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسرايدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھاياتىنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەيدۇ، ئۇلار ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشقان. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەر مىللەت كەنت ئاھالىلىرى ئازغىنا ئەمەلىي ھەرىكىتى ۋە جاپالىق ئەجرى ئارقىلىق باياشات، بەختلىك تۇرمۇشقا تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى بۇلاق كەنتىدە دائىم پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرماقتا.

## شىنجاڭ ياخشى جاي

# 13 ـ نۆۋەتلىك كۆلنى ئايلىنىش مۇسابىقىسىنىڭ بەلگە ئوقى ئېتىلىپ مۇسابىقە باشلاندى




6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ماھىرلار بىرىنچى مۇسابىقە بۆلىكىدە ۋېلىسىپىت مىنىپ مۇسابىقىلەشمەكتە. شۇ كۈنى، جۇڭگو شىنجاڭ 13 ـ نۆۋەتلىك سايرام كۆلىنى ئايلىنىش تاشيول ۋېلىسىپىت مۇسابىقىسىنىڭ بەلگە ئوقى ئېتىلىپ مۇسابىقە باشلاندى.

□ يۈسۈپ غېنى فوتوسى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ يىل خەلق تۇرمۇشى ئەمەلىي ئىشلىرىدىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەردە ئاساسىي قاتلامنى كاپالەتلەندۈرۈش تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شى، تۇەنلەرنىڭ ئاممىۋى مۇلازىمەت سەۋىيەسى بىرقەدەر تۆۋەن بولۇش، كاپالەتلەندۈرۈش ئىقتىدارى يۇقىرى بولماسلىقتەك كەمتۈكلۈكلەر كۈچەپ تولۇقلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شى، تۇەنلەرنىڭ تەرەققىيات ئاساسى پۇختىلىنىدۇ. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى خەلق تۇرمۇشى ئەمەلىي ئىشى كۈچەپ يولغا قويۇلۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشقا كۈچ چىقىرىلىدۇ. دىققەت بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىت ئاسراش كۈچەيتىلىدۇ. يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى كۈچەپ ياخشىلاش، لىيەندۈيدىكى ئاممىنىڭ كىرىمىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا، كۆپ مەنبەلىك كىرىمنى ئاشۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەش مۇلازىمەت ئىقتىدارى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيەسى كۈچەپ ئۆستۈرۈلۈپ، كۆپ خىل تەدبىرلەر تەڭ قوللىنىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە ئىگىلىك تىكلەش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. مائارىپ، سەھىيە، ئىجتىمائىي كاپالەت، مەدەنىيەت ئارقىلىق يېتەكلەش قاتارلىق مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىغا كۈچ سەرپ قىلىنىپ، ئىجتىمائىي كاپالەت تورى زىچ توقۇلۇپ، پۇختىلىنىپ ھۆكۈمەتنىڭ تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش رولى جارى قىلدۇرۇلىدۇ.

بۇ يىل بىڭتۇەن قىيىنچىلىقى بار رايونلار ۋە ئاجىز ھالقىلارغا تېخىمۇ ئېتىبار بېرىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شى، تۇەنلەرنىڭ خەلق تۇرمۇشى ئەمەلىي ئىشى سېلىنمىسى ئاشۇرۇلىدۇ، رايون پەرقى كۈچەپ كىچىكلىتىلىدۇ، ئاممىۋى مۇلازىمەتنى باراۋەرلەشتۈرۈش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، پىلاندىكى ئومۇمىي سېلىنما بۇلتۇرقىدىن بەش ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشۇرۇلىدۇ؛ خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش تورى زىچ توقۇلىدۇ، پۇختىلىنىدۇ، پىلاندىكى ئومۇمىي سېلىنما 19 مىليارد 75 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقىدىن 16% ئاشۇرۇلىدۇ؛ قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشى كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ، تۇرمۇشتا قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، داۋالاشتا قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش قاتارلىق تولۇقلىما مەبلەغ ئۈچۈن پىلان بويىچە 618 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4% ئاشۇرۇلىدۇ.